باھاردا قايتا جانلىنىش كۈچىنى مۇجەسسەملەش

ــــ 2020 ـ يىلى تۇنجى پەسىللىك جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تاماملىنىش پەيتىدە

☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى تۇيۇقسىز يۈزبېرىپ، جۇڭگو ئىقتىسادى، جەمئىيىتى يەنە خىرىسنى كۆتۈۋالدى. بىر قىسىم ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەردە تۆۋەنلەش كۆرۈلۈپ، بىر قىسىم كەسىپلەر زەربىگە ئۇچرىدى. يۇقۇم تەسىرىگە قارىتا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلىپ، ئىلمىي تەدبىر تۈزۈپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتتى. ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە باسقۇچ خاراكتېرلىك مۇھىم نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى تېزلىتىلدى.

3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، باھار ئاپتىپى خۇددى كېلىشىپ قويغاندەكلا ۋاقتىدا چىقتى، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ قايتا جانلىنىش كۈچى مۇجەسسەملەنمەكتە. سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشچە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە خۇبېيدىن باشقا جايلاردا كۆلەملىك سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىش باشلاش نىسبىتى 95%تىن ئاشقان، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىسبىتى 70%تىن ئاشقان. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق تاشقى سودا كارخانىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىسبىتى 70%تىن ئاشقان نۇقتىلىق تاشقى سودا كارخانىلىرى ئىگىلىگەن نىسبەت يەتتە ئۈلۈشكە يەتكەن.

«يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى گەرچە ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشىغا كۆرۈنەرلىك تەسىر ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن دۆلىتىمىز ئىقتىسادى غايەت زور چىدامچانلىققا ۋە يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە، ئۇزاققىچە ياخشىلىنىش يۈزلىنىشى ئۆزگەرمەيدۇ.» يۇقۇمنىڭ زەربىسىگە قارىتا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىلمىي ھۆكۈم چىقىرىپ، جۇڭگو ئىقتىسادىدىكى خەۋپ ـ خەتەرنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇپ، ئۇزاققىچە ياخشىلىنىشتەك چىدامچانلىقنى نامايان قىلدى.

قەھرىتان قىش ئۆتۈپ كەتتى، باھار كېلىپ گۈللەر ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى يۇقۇم چوڭ سىناقنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ھەرساھە، ھەر كەسىپنىڭ قايتا جانلىنىش كۈچى جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئىلگىرىلەشتىكى مەزمۇت قەدىمىگە ئايلىنىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۇلۇغۋار نىشانىغا قاراپ باتۇرلۇق بىلەن ئىلگىرىلىدى ھەم داۋاملىق تۈردە دۇنيانىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن جۇڭگو كۈچىنى قوشماقتا.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈندىكى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىرىنچىدىن، سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سىياسىي مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش كېرەك. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، قايتما ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇشنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى مەسىلىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تىزىملىك دەپتىرىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، لايىھەنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قاتتىق، ئەمەلىي بولۇپ، تۈزىتىشنى قەتئىي كەسكىن ياخشى تۇتۇپ، ھەقىقىي تۈردە كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىشتە «كېيىنكى باسقۇچ»لۇق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، مەسىلە يۆنىلىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە ـ ئۈنۈمنى باھالاشتا بايقالغان مەسىلىلەر، مەخسۇس كۆزىتىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»تا كۆرسىتىلگەن مەسىلىلەر، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە تەكشۈرۈلگەن، كۆزىتىپ چىقىلغان مەسىلىلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، مەسىلىنى تۈزىتىشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى كۈندىلىك خىزمەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تۈزىتىپ، تۈزىتىش ئارقىلىق كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىش، نەتىجە ـ ئۈنۈم ھاسىل قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىش كېرەك. ھەقىقىي تۈردە تۈزىتىش مەسئۇلىيىتىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، قولدا تۇتۇپ، زىممىگە ئېلىپ، بەش دەرىجىلىك شۇجى بىرلىكتە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى قول رەھبىرى باش مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئۆزىگە تەتبىقلاش، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتكە تەتبىقلاش، خىزمەتلەرگە تەتبىقلاشتا چىڭ تۇرۇپ، تۈرمۇتۈر نىشانغا توغرىلاپ تۈزىتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاخىرغىچە تۇتۇپ، نەتىجە ـ ئۈنۈم ھاسىل قىلغىچە تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە يۇقىرى سۈپەتتە غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، نەتىجىگە تەتبىقلاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. مەركەز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە ـ ئۈنۈمنى باھالاش ۋە مەخسۇس كۆزىتىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش» نەتىجىسىدىن قەتئىي ياخشى پايدىلىنىپ، كۈندىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، كۆزىتىش، ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش قاتارلىقلاردا بايقالغان ئورتاق مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، بىرنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلارنىمۇ بىلىپ، بىرمۇبىر رەتلەپ، تۈرمۇتۈر تۈزىتىپ، مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، مەسىلىنى تۈزىتىش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

بەشىنچىدىن، ۋىۋىسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش كېرەك. ئاپتونوم رايون ناھىيەلەرگىچە جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش، ۋىلايەت، ناھىيە كەنتلەرگىچە جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش، كادىرلار ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە ئېلىش، بىر كەنتكە بىر لايىھە، بىر ئائىلىگە بىر تەدبىر قوللىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش، ھۆددىگە ئېلىپ ئالاقىلىشىشنىڭ بارلىق نامرات ئائىلىلەرگە تولۇق قاپلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملاشنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش بايلىقىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نامرات كەنت ۋە نامرات ئائىلىلەرگە يۈتكىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تۈرلۈك سىياسەت ـ تەدبىرلەرنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ئوبيېكتلىرىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەڭ قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى قەتئىي يېڭىش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، سىياسەتنىڭ مۇقىملىقى، سىجىللىقىنى ساقلاپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىش، سىگنال بېرىش ۋە ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەشتە تىكىش ماھارىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش ھالقىسىنى چىڭ تۇتۇپ، يوچۇقلارنى تەكشۈرۈش، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىشنى تېزلىتىپ، نامرات ئاھالىنىڭ قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يەتتىنچىدىن، كۈندىلىك نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىنتىزام ئىجراسىنى قاتتىق نازارەت قىلىش كېرەك. پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش تەلىپىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىسىنى مەخسۇس تۈزەشنى سىجىل چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىلىرىنى قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، كادىرلارنى مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولغان ياخشى سىياسىي ئېكولوگىيە يارىتىش كېرەك.

يىغىن تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە (شەھەر، رايون) ۋە بىڭتۈەن شى (شەھەر)، تۈەن (مەيدان)گىچە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، بىڭتۈەن رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار، ئاپتونوم رايون (مەركەز)غا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى مەسئۇل يولداشلار قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شەھىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتى مۈشكۈل، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى كەمچىل بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۆز ئۆلكە، شەھىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپلا قالماي، يەنە نىشانلىق ياردەمگە ئېرىشۋاتقان جايلارنى ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ماددىي ئەشيا كاپالىتىگە ئىگە قىلدى ۋە تېخنىكا جەھەتتىن قوللىدى، نىشانلىق ياردەمگە ئېرىشۋاتقان جايلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشىغا ياردەم بەردى.

بېيجىڭ، تيەنجىن، ئەنخۇينىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابلىرى بىرىنچى ۋاقىتتا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، قورساقنى بېسىپ يۈرەك، ئۆپكىنىڭ ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەسۋابىدىن 11نى، مەنپىي بېسىملىق قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى قاتارلىق قۇتقۇزۇش ئەسلىھەسىدىن بەشنى، ئاپتوماتىك دورا قايناتقۇچ ماشىنىسى قاتارلىق جۇڭيى دورىسى قايناتقۇچ ئۈسكۈنىسىدىن بەشنى، ماسكا ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىسىدىن ئىككىنى تەييارلاپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى ماددىي ئەشيا كاپالىتىگە ئىگە قىلدى؛ جىلىن، خېيلۇڭجياڭ، جېجياڭ، فۇجيەن قاتارلىق جايلار نىشانلىق ياردەمگە ئېرىشۋاتقان جايلارغا جەمئىي 41 مىليون 575 مىڭ يۈەن مەخسۇس تۈر ياردەم مەبلىغى ئاجراتتى؛ لياۋنىڭ، سەنشى، خېبېي، خۇنەن، شاڭخەي قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابلىرى مېھىر ـ مۇھەببەت يەتكۈزۈش كارخانىلىرىنى پائال سەپەرۋەر قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەسىدىكى كۈچلەرنى پۇل، ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىشقا قوزغاپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنى تەييارلاپ، نىشانلىق ياردەمگە ئېرىشۋاتقان جايلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى كۈچلۈك قوللىدى.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى تۈركۈم تۈركۈملەپ شىنجاڭغا يېتىپ كېلىش بىلەن بىللە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ چىن مۇھەببىتىمۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ قەلبىگە يەتكۈزۈلدى. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىگىچە، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەر ۋە ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابلىرى ياردەمگە ئېرىشۋاتقان جايلارغا ئومۇمىي سوممىسى 108 مىليون يۈەنگە يېتىدىغان ماددىي ئەشيا تەييارلىغان، 4 مىليون 585 مىڭ 210 ماسكا، 83 مىڭ 92 مۇداپىئە كىيىمى، 19 مىڭ 423 كۆز ئاسراش ئەينىكى، 23 مىڭ 604 تېمپېراتۇرا ئۆلچەش ئەسۋابى ياردەم قىلغان.

تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىش بىر نىيەتتە «يۇقۇم»غا قارشى جەڭ قىلىش

يۇقۇم ــ بۇيرۇق، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ــ مەسئۇلىيەت. يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، شەندۇڭ ئۆلكىسىدىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كەلگەن كادىر، يېڭىشەھەر ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرخانا باشلىقى ۋۇ فېڭ دەم ئېلىشنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئاخىرلاشتۇرۇپ، چاغاننىڭ ئالدىنقى كۈنى يېڭىشەھەر ناھىيەسىگە قايتىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىگە ئاتلاندى. ئۇ مۇنداق دېدى: «يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ داۋالاش كۈچى نىسبەتەن ئاجىز، پەۋقۇلئاددە مەزگىلدە پەقەت كۆپچىلىك بىلەن بىللە مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلساملا، ئاندىن كۆڭلۈم خاتىرجەم بولىدۇ».

دوختۇرخانىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قوماندانلىق ئىشتابىنى قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسىنىڭ يېنىدا تەسىس قىلىپ ئالدىغا ئۆتۈپ قوماندانلىق قىلىپ، پۈتۈن ناھىيەدىكى سەھىيە كەسپىي خادىملىرىنى تەربىيەلەش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ماددىي ئەشيالىرىنى زاپاس ساقلاش ئامبىرى قۇرۇش… ۋۇ فېڭ سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، كېچە ـ كۈندۈز جاسارەت بىلەن جەڭ قىلدى. بىر قاتار تەدبىرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن دوختۇرخانىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىمۇ يۇقىرى ئۈنۈملۈك، تەرتىپلىك بولدى.

«بۇ ئىككى ئايدا، ۋۇ دوختۇرخانا باشلىقى ۋە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كەلگەن باشقا ئۈچ دوختۇر ئىزچىل خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇردى، تاماقنى، يېتىپ ـ قوپۇشى دوختۇرخانىدا بولدى، ھەر كۈنى سەھەرگىچە ئىشلىدى، كۆپچىلىك ئىنتايىن تەسىرلەندۇق.» يېڭىشەھەر ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسى كۆزىتىش 1 ـ ئاغرىقلار رايونىنىڭ سېستىرالار باشلىقى دىلباھار ئابدۇسايىت مۇنداق دېدى: «شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كەلگەن دوختۇرلار كۆپچىلىكنى باشلاپ بىللە ئىشلەپ، بىزنىڭ يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىمىز ۋە غەيرىتىمىزنى ئاشۇردى».

ۋۇ فېڭغا ئوخشاش يۇقۇم ئالدىدا شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كەڭ كادىرلار، ئىختىساسلىقلار شىنجاڭغا رىشتە باغلاپ، كۈچىنىڭ بارىچە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغدىدى. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان 373 كادىر، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان 201 دوختۇر شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر ۋە ياردەمگە ئېرىشۋاتقان جايلارنىڭ يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش بىرىنچى سېپىدىكى خىزمەتلىرىگە بىۋاسىتە قاتناشتى.

دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرى جاڭ رۇيمىڭ يۈرەك ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرۇپ بولۇپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىنلا دەم ئېلىشتىن ۋاز كېچىپ، شىنجاڭغا تۇغقان يوقلاشقا كەلگەن ئائىلە تەۋەلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىگە ئاتلاندى؛ جياڭسۇنىڭ قىزىلسۇ ئوبلاستىغا ياردەم بېرىدىغان داۋالاش ئىختىساسلىقلىرى «ئۆمەك تەشكىللەش شەكلى»دىكى شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمەت ئەترىتىنىڭ يېتەكچىسى سۇڭ نىڭخۇڭ مۇتەخەسسىسلەرنى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ شەرقىي ھويلىسىدىكى قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسى، مەنپىي بېسىملىق كېسەلخانا قاتارلىقلارغا نۇقتىدىن نۇقتىغا، يۈزتۇرا يېتەكچىلىك قىلىش، ياردەم بېرىشكە تەشكىللىدى؛ ئىلگىرى شىنجاڭغا ياردەم بەرگەن كادىر، تاموژنا باش مەھكىمىسىنىڭ خەلقئارا تەكشۈرۈش ـ كارانتىن قىلىش ئۆلچىمى ۋە تېخنىكا قانۇن ـ نىزاملىرى تەتقىقات مەركىزى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جيا شياۋبو ئۈرۈمچى دىۋوپۇ ئايرودرومى تاموژنىسى قاتارلىق ئورۇنلارغا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا جىددىي كەمچىل بولۇۋاتقان بىر تۈركۈم داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان مۇداپىئە كىيىمى، ماسكا قاتارلىقلارنى ئىئانە قىلدى…

مەركەز ئورگانلىرىدىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار، ئىختىساسلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىمۇ پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۆزلۈكىدىن بەس ـ بەستە پۇل ئىئانە قىلىپ، قىممىتى 200 مىڭ يۈەنگە يېقىن بولغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنى تەييارلاپ، شىنجاڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشىغا كۈچ قوشتى.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ پەۋقۇلئاددە مەزگىلىدە، مەيلى قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شىنجاڭغا ياردەم بەرگەن كەڭ كادىرلارنىڭ ھەممىسى ئىككىنچى يۇرتىغا ئۆزىنىڭ كۈچىنى قوشۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى.

نىشانىنى چىڭ كۆزلەش دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىش

«ئاقتۇ ناھىيەسى كەڭ سودىگەرلەرنىڭ مەبلەغ سېلىپ، كەسىپنى گۈللەندۈرۈشىنى قارشى ئالىدۇ، مەن قىزىلسۇ ئوبلاستىدا سىزنى ساقلايمەن!» 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ باش قوماندانى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يې خۇالىن ئۈندىدار دوستلار چەمبىرىكى ئارقىلىق ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ سودىگەر چاقىرىش تۈرىنى يەنە بىر قېتىم تونۇشتۇردى.

بۇ مەزگىلدە، قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا كۈچ قوشۇش بىلەن بىللە، جياڭسۇنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى پارتىيە كومىتېتى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، بۇ يىللىق ئەتىياز، ياز پەسلىدە سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىش، ئەمگەك كۈچلىرىنى چىقىرىش خىزمىتىنى ۋاقتىدا پىلانلاپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە سودىگەر ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش قاتارلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتتى.

«بىز توردا سودىگەر چاقىرىش ئەندىزىسى ئارقىلىق، ‹يۈزتۇرا› سودىگەر چاقىرىشنى ‹ئېكراندا›، ‹توردا› سودىگەر چاقىرىشقا ئۆزگەرتىپ، ‹توردىلا كۆرۈشۈش، سودىگەر چاقىرىشنى ئۈزۈپ قويماسلىق›نى ئىشقا ئاشۇردۇق.» يې خۇالىن مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە، بەش مۇددىئا تۈردە ئىز قوغلاپ سۆھبەتلىشىۋاتىمىز، «توردا» سودىگەر چاقىرىشنى 86 قېتىم قانات يايدۇرۇپ، 30دىن ئارتۇق كارخانا، ئالتە سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ، 102 ئادەم قېتىم سودىگەرنى زىيارەت قىلىپ، ئۇدۇللاشتۇرۇپ، باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق.

يۇقۇم كەلتۈرۈپ چىقارغان زىياننى قەتئىي تولۇقلاپ، يۇقۇم دەخلى يەتكۈزگەن ۋاقىتنى قايتۇرۇپ كېلىش كېرەك. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەر ۋە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كەڭ كادىرلار، ئىختىساسلىقلار نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى چىڭ كۆزلەپ، دىققەتنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىش، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە دائىر تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئومۇميۈزلۈك يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قىلچە بوشاشماي شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتىكى نۇقتىلىق خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ياخشى تۇتتى.

جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كارخانىلارنىڭ تۈر تەستىقلىتىش، ئادەم ئىشلىتىش، مەبلەغ قاتارلىق جەھەتلەردىكى قىيىن مەسىلىلىرىنى پائال ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلدى ھەم غۇلجا ناھىيەسىدىكى يېڭى سانائەت، توقۇمىچىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونىدىكى كارخانىلارنىڭ 20 توننا خام ئەشيا ھەل قىلىشىغا ياردەم بەردى. خېنەن، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى ئايروپىلان ھۆددىگە ئېلىش ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، شىنجاڭغا قايتىدىغان ئىشلەمچىلەرگە مەخسۇس يول ئېچىپ بېرىپ، ياردەمگە ئېرىشۋاتقان جايلارنىڭ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا يېتىشىگە كۈچ قوشتى. خېيلۇڭجياڭ، جىلىن ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى مۇتەخەسسىسلەر ئۆمىكىنى تەكلىپ قىلىپ، توردا مەدەنىيەت ـ ساياھەت بازىرىنى گۈللەندۈرۈش بويىچە تەربىيەلەش دەرسى تەسىس قىلىپ، ياردەمگە ئېرىشۋاتقان جايدىكى 4000غا يېقىن ساياھەت كەسپكارىغا توردا دەرس ئۆتتى.

ياردەمگە ئېرىشۋاتقان جايلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەر ئۆز ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، پائال ھەرىكەتكە كەلدى.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كالا، قوي گۆشى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى سېتىلماي قېلىش قاتارلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى پائال ماسلاشتۇرۇپ، سۇپا ھازىرلاپ، سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتتى. ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى گوما ناھىيەسىنىڭ سەنخۇا غاز نەسلى، غاز باقمىچىلىقىنى كىرگۈزۈشىگە ماسلاشتۇرۇپ ياردەم بېرىپ، شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولدى. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى پەيزاۋات ناھىيەسىدە «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، مېۋىچىلىك، سۇچىلىق، تۇرالغۇ»دىن ئىبارەت ئالتە بىر گەۋدىلەشكەن بىرىكمە شەكىلدىكى ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش ئەندىزىسىنى كېڭەيتتى ھەم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئېلېكترونلۇق سودا سېتىش سۇپىسى قۇرۇلۇشىنى قوللاپ، شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە مەھسۇلاتلىرىنى سىرتقا توشۇش، ياخشى سېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ھەر قېتىملىق تونۇشتۇرۇشقا چوڭقۇر مۇھەببەت سىڭدۈرۈلدى، ھەربىر تەدبىر دەل جايىدا، كۈچلۈك بولدى. ھازىر، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كەڭ كادىرلار ياخشى باھار مەزگىلىنى كۈتۈۋېلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق بىلەن بىرلىكتە مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي، جاپالىق، ئەمەلىي ئىشلەپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداش ئۈچۈن تىرىشماقتا.